# شى جىنپىڭ ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتتارېللا بىلەن تېلېفونلىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئىتالىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئۈلگە بولدى. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو ـ ئىتالىيە ئىككى دۆلەت خەلقى مۈشكۈل ئەھۋالدا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورنىتىپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. ئىككى تەرەپ ئۆتمۈشنى خۇلاسىلەپ، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، جۇڭگو ـ ئىتالىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى مەزگىلدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ ماقۇللاندى. جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. ئىتالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارشى ئالىدۇ. جۇڭگو ـ ئىتالىيە ئىككى تەرەپ ھەرقايسى قاتلام ـ دەرىجىلىكلەرنىڭ ئالاقىسىنى ساقلاپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ھەمكارلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇش سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئورتاق قوغدىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى. تىنچ تەرەققىيات، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش توغرا يول. جۇڭگو تەرەپ ئىتالىيە تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللايدۇ، ئىتالىيە تەرەپنى داۋاملىق ياردەم بىلەن تەمىنلەپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئورتاق قوللاپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئىتالىيە تەرەپنىڭ كېلەر يىلى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ رەئىس دۆلىتى بولۇشىنى قوللايدۇ، ئىتالىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ داۋاملىق يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ماتتارېللا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە بەرگەن باھاسىنى تامامەن قوللايمەن. ئىتالىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 50 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى دوستانە تەرەققىياتنى ساقلاپ كەلدى، ئالاقىلىشىشى، ھەمكارلىشىشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، ئىتالىيە تەرەپ بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. بۇ يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت خەلقى يۇقۇم ئالدىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا قوللىدى، بولۇپمۇ ئىتالىيە ئەڭ قىيىنچىلىقتا تۇرغاندا، جۇڭگو قىممەتلىك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. ئىتالىيە ـ جۇڭگو دوستلۇقى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يېڭىلىنىپ تۇردى. ئىتالىيە تەرەپ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى روھى بويىچە جۇڭگو تەرەپ بىلەن دوستانە لىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو ـ ئىتالىيە ئىككى دۆلەت بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يۇقۇم، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلار ئالدىدا، كۆپ تەرەپچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىتالىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاشنى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق مېخانىزمىنىڭ ئىچىدىكى ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىككى مەدەنىي قەدىمىي دۆلەتنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشنى خالايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ياۋروپا ـ جۇڭگو ھەمكارلىقىنى غايەت زور پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئىتالىيە تەرەپ ياۋروپا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشنى خالايدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن، يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جۇڭگودا بالدۇرراق زىيارەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

# شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇھىم ماقالىسىدە يىرىك پىلان توغرىسىدىكى «تەكلىپ» تەييارلانغان 200 كۈندىكى سىرلار ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

— دۇنياغا نېمە بولدى؟ جۇڭگو قاياققا بارىدۇ؟ «دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»دە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگونىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئويلىنىشى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن سۆزلەر تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى.

«14 ـ بەش يىل» جۇڭگوغا نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇشۇ پەيتتىكى جۇڭگو جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، ھالبۇكى تەرەققىيات ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇرەككەپ مۇھىتتا تۇرۇۋاتىدۇ.

«تەرەققىيات مۇھىتىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكىلەر، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە نەزەر سالماقتا. 5 ـ ئومۇمىي يىغىن تارىخىي ئاچقۇچلۇق پەيتتە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى جاراڭلىق، كۈچلۈك بولدى.

«دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»نىڭ تولۇق تېكىستىگە نەزەر سالغاندا، ھەممىلا يېرىگە باش شۇجىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈمى سىڭگەن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئومۇميۈزلۈك، تولۇق، دەل جايىدا چۈشىنىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

— مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق مۇھىم ھۆججەت قانداق بارلىققا كەلگەن؟ كىملەر تەييارلاشقا قاتناشقان؟ ئارىلىقتا نەچچە قېتىم «ئۆزگىرىش بولغان»؟ «دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى» بىزگە بۇنىڭ پەردىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ بەردى.

3 ـ ئايدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئىلگىرى ـ كېيىن يىغىن ئېچىپ، ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى؛ 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، باش شۇجى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋە 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى؛ 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە باش شۇجى ئۇدا يەتتە مەيدان مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى... بۇ ۋاقىت جەدۋىلى باش شۇجىنىڭ ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ 200 كېچە ـ كۈندۈزگە يېقىن خىزمەت قىلغانلىقىدەك جەريانىنى تەپسىلىي، تولۇق نامايان قىلدى.

يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى.

«دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»دە مۇنداق بىر قىسىم تەپسىلات بار: تەكلىپ نۇسخىسىنى يىغىننىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇشتىن بۇرۇن، پەقەت مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىلا ئۈچ قېتىم قاراپ چىقتى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ئىككى قېتىم قاراپ چىقىلدى. پارتىيە ئىچىدە پىكىر ئېلىش جەريانىدا، 300 دىن ئارتۇق جايغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىۋاتقان جەريانىدا، يەنە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرى قوبۇل قىلىنىپ 30 نەچچە جايغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانغان تەكلىپنىڭ تولۇق تېكىستىنى خەتلىرى ئىخچام، مەنىسى چوڭقۇر، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

بولۇپمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»دە تور ئەھلىنىڭ تەكلىپلىرى قانداق قىلىپ ھۆججەت تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەم ھۆججەتكە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكىدەك كىچىك ھېكايىلەر ئاشكارىلانغان بولۇپ، ئوقۇغاندا جانلىق، يېڭى تۇيغۇ بېرىدۇ، ئۇزاققىچە ئەستىن چىقمايدۇ. كۆپچىلىككە ئېيتىپ بېرىشكە بولىدىغىنى شۇكى، توردىكى ئىسمى «يۈنفەن» بولغان بىر تور ئەھلى ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆزئارا ياردەملىشىش شەكلىدىكى ياشانغانلار كۈتۈنۈشى» توغرىسىدىكى تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى بۇ توردىش بىلەن ئالاقىلەشتى ھەم ئۇنى زىيارەت قىلدى. ئالاقىدار سىن پروگراممىلىرىمۇ ئىنتىزار بولۇشقا ناھايىتى ئەرزىيدۇ.

— يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنىڭ تولۇق تېكىستى تەخمىنەن 20 مىڭ خەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان پىكىر يولىنى قانداق ئوقۇپ چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ «دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى» بىزنى يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى چوڭقۇر تونۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش — بۇ ئۈچ «يېڭى» يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنىڭ تولۇق تېكىستىنىڭ لوگىكىلىق ئاساسىي لىنىيەسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپتە ماددا ھالەتتىكى قۇرۇلما قوللىنىلغان، ئۈچ چوڭ بۆلەك، 15 قىسىم، 60 ماددىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى تارماق بايان قىسمىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى 12 جەھەتتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەر شەرھلەنگەندە، لوگىكىلىق لىنىيەسىگە ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە بولۇشتىن ئىبارەت بەش چوڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ بۆلەك ھالىتىدىكى رەت تەرتىپى يوشۇرۇنغان.

«يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورنىدا چىڭ تۇرۇش» ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

تۇنجى قېتىم «ئومۇمىي خەلق ئورتاق بېيىشتا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش»نى 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛

«دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش»قا قارىتا سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى؛

...

«دۇنياغا كېلىش خاتىرىسى»دە يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپتىكى مۇھىم، زور سۆزلەر، مۇھىم، زور يارقىن نۇقتىلار رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇ يىرىك پىلان توغرىسىدىكى تەكلىپنى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان بىر ئاچقۇچتۇر.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قەشقەر ۋىلايىتى:

# چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدى

□ پۈتۈن تارانتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

«بەختكە يارىشا مەھەللە كادىرلىرى بولغاچقا، بالام ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى، مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا كوچىسى قەدىمىي شەھەر مەھەللىسى ئىنتىپاق سارىيى ئولتۇراق رايونىدا ئەمدىلا دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن ئاھالە ليۇ چيەنچيەن مىننەتدارلىق بىلەن.

كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەلا مۇلازىمەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئاممىما خىزمىتىنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىش، خەلقنىڭ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سائەت 23تە، ليۇ چيەنچيەننىڭ ئالتە ياشلىق قىزىنىڭ قىزىتمىسى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، پۈتۈن بەدىنىگە قىزىل ئەسۋە چىقىپ كەتتى. ئېرى ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۇ بىردىنلا نېمە قىلىشنى بىلمەي، دەرھال مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇرشىدە تاھىرغا تېلېفون قىلدى، خۇرشىدە دەرھال قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى چاقىرىپ، ئۇنى ۋە بالىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى، دوختۇر بالىلاردا بولىدىغان جىددىي خاراكتېرلىك ئەسۋە دەپ دىياگنوز قويۇپ، ۋاقتىدا قۇتقۇزۇپ داۋالىدى. ئىككىنچى كۈنى كېسەل ئەھۋالى تۇراقلاشقاندىن كېيىن، مەھەللە كادىرلىرى يەنە ئاپتوموبىل بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

دورا سېتىۋېلىش، دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، سۇ، توك، تەبىئىي گاز سېتىۋېلىش، ئاھالىلەرگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يەتكۈزۈش... بۇ، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان مەھەللە كادىرلىرىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە ئايلاندى. «بىز ئاھالىلەرنى تۇغقىنىمىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك» دېدى خۇرشىدە.

خۇرشىدە خىزمەت قىلىدىغان قەدىمىي شەھەر مەھەللىسىدە 6000غا يېقىن ئاھالە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى كۆچمە نوپۇس، ھازىر يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى، بىر قىسىم كىشىلەر يۇرتىغا قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئالاقىدار تەلەپلەر بويىچە، قەشقەردىن ئايرىلىدىغانلار يەتتە كۈن ئىچىدە كۈچكە ئىگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى مەنپىي چىققانلىق دوكلاتىنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك. شۇڭا ئاھالىلەرگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يەتكۈزۈش بۇ مەھەللىدىكى كادىرلارنىڭ خىزمىتىنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

«مەن ئەتە چۈشتىن كېيىن پويىزغا ئولتۇرۇپ خوتەنگە قايتىمەن، تۈنۈگۈن مەھەللە كادىرلىرىغا تېلېفون قىلسام، بۈگۈنلا ئۇلار نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئەكېلىپ بەردى.» 56 ياشلىق ئاھالە لۇ كەيشياڭ مەھەللە كادىرى گۈلجامال قاھارنىڭ قولىدىن نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئېلىپ، قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، كوناشەھەر ناھىيەسى خەلق تۇرمۇشىغا مۇلازىمەت قىلىش 24 سائەتلىك قىزىق لىنىيە تېلېفون نومۇرىنى ئېلان قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سالمىقىنى ئاشۇردى، ھەرقايسى يېزا ـ بازار، كەنت، مەھەللىلەر قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئائىلىسىگە قەرەللىك ھالدا خەلققە نەپ يەتكۈزۈش كاتتا سوۋغىتى بەردى، مەھەللە (كەنت) كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، پىدائىيلار تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تۈرلۈك تۇرمۇش ئەشيالىرىنى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

«بىز كاتتا سوۋغات تاپشۇرۇۋالدۇق، ئىچىدە ئالتە كىلوگىرام كۆكتات، بىر كىلوگىرام قوي گۆشى، بىر تاختا تۇخۇم بار ئىكەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى قەلبىمىزنى ئىللىتتى.» كوناشەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىسى ئۇرۇنباستى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خەيرىگۈل تۇردى مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپىگە پائال ماسلىشىپ، ئائىلىدە خاتىرجەم تۇرۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىمىز».

كوناشەھەر ناھىيەسى بۇلاقسۇ يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، يېزا باشلىقى چېن جېنشياڭ مۇنداق دېدى: يېزىمىز يەنە قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش كۆمۈرى» تارقىتىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاممىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنى قىيىنچىلىقى بار ھەربىر ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مۇلازىمەت كاپالىتى تەدبىرلىرىنى ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملىدى.